ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 20 ـ سان

مارت 2022


توغرا تەشۋىقات ئۇيغۇنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر

# شەرقىي تۈركىستان ئاياللىرى ئۈچۈن زور يۈرۈش






DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى



Istiqlal TV | Istiqlal TV | Istiqlal TV | Istiqlal TV




يېقىندا خىتاينىڭ يېڭى خاككېرلىق قورالى بايقالغان بولۇپ، ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىرىنى بۇ قورالنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھ بولۇشقا چاقىردى.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا تور بىخەتەرلىك شىركىتى «Symantec»نىڭ بىخەتەرلىك تەتقىقاتچىلىرى خىتاينىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق خاككېرلىق قورالىنى بايقىغانلىقىنى، ئۇن يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان كىشىلەرنىڭ بۇ قورالنى بايقىيالماي كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئامېرىكا ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شىركەت يېقىنقى ئايلاردا بۇ مەسىلىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرگەن بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ بۇ ئۇچۇرنى چەت ئەللىك شېرىكلىرى بىلەن ئورتاقلاشقان. Symantec شىركىتى دۈشەنبە ئۆزى تەتقىق قىلىپ بايقىغان «داشىن» (DAXIN) دەپ ئاتىلىدىغان خاككېرلىق قورالىنى ئېلان قىلغان.

ئامېرىكا تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇل ئەسلىھە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كىلايتون رومانس: «بىز ئىلگىرى بۇ نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغان، بۇ بىز ئېرىشمەكچى بولغان ئۇچۇرلاردىن بىرى» دېگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندىكى باش ئەلچىخانىسى بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىگەن. خىتاي ئەمەلدارلىرى داۋاملىق مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ ئۆزلىرىنىڭمۇ خاككېرلارنىڭ قۇربانى ئىكەنلىكىنى، ھەر خىل تور ھۇجۇمىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە.

تور تەھدىتى بىرلەشمىسىنىڭ باش تەھلىلچىسى نېيل جېنكىنسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتالنىڭ ئىقتىدارى ناھايىتى كۈرۈنەرلىك ئىكەن. ئىنچىكە تەتقىق قىلمىغان تەقدىردە بۇنى بايقاش ناھايىتى تەسكە توختايدىكەن.

Symantec نىڭ تېخنىكا دىرېكتورى ۋىكرام تاكۇر: «شىركەت مەزكۇر يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتالنى خىتايغا باغلايدۇ. چۈنكى داشىننى ئاساس قىلىپ قۇراشتۇرۇلغان زاپچاسلار ۋە خىتايغا مۇناسىۋەتلىك باشقا كومپيۇتېرلارنىڭ خاككېرلىق ئۇل ئەسلىھەلىرى ياكى تور ھۇجۇمىنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى بىر ھەقىقەت» دېگەن.

Symantec نىڭ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ھۇجۇم قىلىش كۆلىمى ۋە مۇرەككەپلىكى سەۋەبىدىن خىتاينىڭ داشىندىن ئىبارەت بۇ خاككېرلىق قورالىدىن ئاگاھ بولۇش كېرەك ئىكەن.

تاكۇرنىڭ ئېيتىشىچە، داشىننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنى، غەربتىن باشقا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەمدە ئەدلىيە مىنىستىرلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.



# شەرقىي تۈركىستاننىڭ 500 مىليارد كىلوۋات سائەتلىك توكى خىتايغا توشۇپ كېتىلدى

**خىتاينىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى ئېلان قىلغان مەلۇماتلار خىتاي رېجىمى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئارقىلىق خىتايغا توشۇپ كەتكەن توك ئېنېرگىيەسىنىڭ 503 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.**

تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى بۇ يىل 22-ئاپرېلغىچە شەرقىي تۈركىستاندىن ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» نامىدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇلغان توك مىقدارىنىڭ 503 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكەنلىكىنى، بۇ توكنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ 120 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغانلىقىنى، باج كىرىم قىممىتىنىڭ 31 مىليارد يۈەنگە يېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ غايەت زور توك بايلىقى خىتايدىكى 1 مىليارد 400 مىليون ئاھالىنىڭ تەخمىنەن يېرىم يىللىق توك ئېھتىياجىنى قامدايدىكەن.

ئىشغال ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېنېرگىيە بايلىقى غايەت زور دەرىجىدە مول بولۇپ، خىتاي بۈنى بەش چوڭ ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسىنىڭ بىرى، دەپ ھېسابلاپ كەلگەن. شەرقىي تۈركىستان ئېلېكتىر تورىنىڭ ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 2010 - يىلىدىكى 14 مىليون 70 مىڭ كىلوۋاتتىن 2022 - يىلى 1 - ئايدىكى 109 مىليون 30 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 7.7 ھەسسە ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى يېڭى ئېنېرگىيە توك چىقىرىش گېنېراتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 37 مىليون 180 مىڭ كىلوۋاتقا يەتكەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئېلېكتىر تورى گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 34% نى ئىگىلىگەن.

خىتاي 2010 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» نامىدىكى تۇنجى يول ھېسابلىنىدىغان قومۇل-دۇنخۇاڭ 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش-بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان بىلەن پۈتۈن خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭ ئېلېكتىر تورىنى تۇتاشتۇرغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ توك بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، خىتايغا توشۇشقا باشلىغان. 11 يىلدىن بۇيان خىتاي ئېلېكتىر تورى شىركىتىنىڭ بۇ تۈرگە سالغان مەبلىغى 220 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكەن. نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى توك ئېنېرگىيەسىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇپ كېتىدىغان لىنىيە تۆتكە يەتكەن.

يېقىنقى مەزگىللەردە خىتايدا ئېنېرگىيە كىرىزىسى كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېنېرگىيە بايلىقىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇش سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلەشكەن. خۇسۇسەن 2021 - يىلى خىتاي ئېلېكتىر تورىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتى ئۇدا بەش ئاي ئايلىق توكنى سىرتقا توشۇش مىقدارىنى 10 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشۇرغان. شۇنداقلا توشۇلغان ئوتتۇرىچە توك مىقدارىمۇ 10 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشقان.




# ئۇيغۇرلار ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن سىياسىي پاناھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلدى

ئامېرىكىدىكى بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ۋاشىنگتوندىكى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ نامايىش قىلىش ئارقىلىق، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇرلارغا سىياسىي پاناھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 2-مارت يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن سىياسىي پاناھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار يىغىلىشتا: «بىز يەنە قانچىلىك ۋاقىت ساقلايمىز؟ ئۇيغۇرلارغا تېزلىكتە پاناھلىق بېرىلسۇن، بىزنى خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغدىسۇن» دېگەن شوئارلارنى توۋلىغان.

نامايىشقا قاتناشقان قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئامېرىكىدا مۇساپىرلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشنى ساقلاۋاتقان يۈزلىگەن ئۇيغۇر پاناھلىق تىلىگۈچىلەر بار ئىكەن. بەزىلىرى كەم دېگەندە بەش يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىت كۈتكەن بولسىمۇ، بىراق مۇساپىرلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن. بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىجازەتنامىسىنىڭ ۋاقتى توشۇپ قالغان بولسىمۇ، يېڭىلاپ بېرىلمىگەن.

ئامېرىكا پۇقرالىق ۋە كۆچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسىنىڭ باياناتچىسى ئامېرىكا ئاۋازى رادىيوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ: «مەزكۇر ئورگان پاناھلىق تەلىپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، لاياقەتلىك بولغانلىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇر پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ دېلولىرى سوتلىنىۋاتقان مەزگىلدە ئامېرىكىدا قېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن.

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان يەنە بىر ئۇيغۇر پاناھلىق تىلىگۈچى ئامېرىكا ئاۋازىغا ئۆزىنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسى سۇنغىنىغا توققۇز يىل بولغانلىقىنى، ئەمما يەنىلا تەستىقلانمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «مەن توققۇز يىل ئىلگىرى پاناھلىق ئىلتىماسىمنى سۇنغانىدىم. ھازىرمۇ ئامېرىكىنىڭ پاناھلىق بېرىشىنى كۈتۈۋاتىمەن» دېگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ نامايىشنى «پاناھلىقى ھەل بولمىغانلار گۇرۇپپىسى» تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تۈرى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە جەمئىيىتى، ئامېرىكا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى، بوستون ئۇيغۇر بىرلەشمىسى، ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى، ئۇيغۇر زىيالىيلار بىرلىكى، ئۇيغۇر فوندى قاتارلىق جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلار ھەمكارلاشقان.




# خىتاينىڭ ئىككى يىغىنى ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىق ئېغىرلىشىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى

خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش» يىغىنىدا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىق ئېغىرلىشىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنى 4 - مارت چۈشتىن كېيىن بېيجىڭدا ئېچىلغان. 10 - مارت ئاخىرلىشىدىغان مەزكۇر يىغىنىدا ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش» دېگەن ئىبارىلەر قايتا تەكىتلەنگەن بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرىي خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر ۋەزىيەتنىڭ بۇرۇنقىدىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى قورچاق ئەمەلدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەكىللەر

ئۆمىكى 3- مارت چۈشتىن كېيىن تۇرۇشلۇق ئورنىدا ئومۇمىي يىغىن ئاچقان بولۇپ، يىغىندا ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسى بويىچە كادىرلارنى، ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيەلەش، خەلق ئاممىسىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك» دېگەندەك ئاسسىمىلياتسىيە، باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان سىياسىي شوئارلار تەكىتلەنگەن.


ما شىڭرۇي يىغىندا سۆز قىلىپ، مەزكۇر يىغىنىنىڭ



خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى كۈتۈلۈۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئېچىلغانلىقىنى، بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىشنىڭ ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

خىتاي يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش» دېگەن تېررور سىياسەتلىرىنى تەكىتلەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىغان. رەت قىلغانلار تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا تاشلانغان. بۇلاردىن سىرت خىتاي ئاتالمىش «مەھەللىلەرنى تۈزەش» نامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق، مەھەللە مەدەنىيىتىنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى كۈچەپ ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، خىتاي بۇ قېتىمقى ئىككى يىغىندا يۇقىرىقى سىياسەتلىرىنى قايتا تەكىتلىگەن.

كۆزەتكۈچىلەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ھەر خىل تۆھمەتلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرلىرىغا سولىغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايلارنى زور تۈركۈمدە شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرگەنلىكىنى، بۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلققە ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىگە زىت بولغان ئىدېئولوگىيەنى مەجبۇرىي سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرىدىكى مۇھىم نۇقتىلار ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.






# دوكلات: ئامازوننىڭ تەمىنلەش زەنجىرى مەجبۇري ئەمگەككە چېتىشلىق

پايدا ئالمايدىغان تەشكىلات «تېخنىكا ئاشكارىلىقى قۇرۇلۇشى»نىڭ يېڭى دوكلاتى ئامازون شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى نۇرغۇنلىغان خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىشقا قاتناشقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

دوكلاتتا ئېلېكترونلۇق سودا ماگناتى ئامازوننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سالىدىغان ئەمگەك لاگېرلىرىغا چېتىشلىق خىتاي تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئامازوننىڭ باياناتچىسى ئۆز شىركىتىگە قارىتىلغان ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەزكۇر تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىدا ئامازوننىڭ تەمىنلىگۈچىلىرى ئىچىدە خىتاينىڭ بەش تېخنىكا شىركىتىنىڭ بايقالغانلىقى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەجبۇري ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دوكلاتتا دېيىلىشىچە، لىشۇنجىڭمى شىركىتى، كاڭشۇ تېخنولوگىيەسى ۋە لەنسى تېخنولوگىيەسى قاتارلىق ئۈچ خىتاي شىركىتى مەجبۇري ئەمگەككە بىۋاسىتە چېتىلغان. ئۇندىن باشقا گېئېر پاي چېكى شىركىتى ۋە خېفېي جىڭ دۇڭفاڭ فوتوئېلېكتىر شىركىتى مەجبۇرى ئەمگەككە ۋاسىتىلىك ھالدا قاتناشقان بولۇپ، ئامازون مەجبۇري ئەمگەككە چېتىلغان مەزكۇر تەمىنلىگۈچى شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلاشقان.

ئىگىلىنىشىچە، يۇقىرىقى شىركەتلەر ئامازوننىڭ داڭلىق ماركىلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياڭراتقۇ، تور يۇرۇشلۇك قۇتىسى ۋە كىچىك ئويۇن كونترول سۇپىسى Fire TV قاتارلىق ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل ئىكەن.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئامازوننىڭ تەمىنلەش ئۆلچىمىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، تەمىنلىگۈچىلەردىن ھەر قانداق شەكىلدىكى توختام ۋە رەنە شەكلىدە مەجبۇري ئەمگەككە سالماسلىق تەلەپ قىلىنغان.

ئامازوننىڭ باياناتچىسى ئېرىكا رېينوسون بۇنىڭغا ئىپادە بىلدۈرۈپ، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر مەجبۇري ئەمگەككە ئائىت ئىسپات تېپىلسا ياكى قوبۇل قىلىنسا، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، تەمىنلىگۈچىلەرنى ئۆزلىرى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا بويسۇنۇشقا، ئامازوننىڭ تەمىنلەش ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

# دۇنيا ئاياللار كۈنىدە تۈركىيەدە خىتايغا قارشى زور كۆلەملىك يۈرۈش ئۆتكۈزۈلدى



8 - مارت دۇنيا ئاياللار كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيەنىڭ 60 نەچچە ۋىلايەت-شەھىرىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە، جۈملىدىن قىز-ئاياللارغا قاراتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلىرىگە قارشى زور كۆلەملىك يۈرۈش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

«كۆك يۈرۈش» تېمىسىدىكى مەزكۇر يۈرۈش پائالىيىتىنى شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، تۈركىيە ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى (IHH) ياشلار شۆبىسى ۋە تۈركىيەدىكى ھەرقايسى ئاياللار جەمئىيەتلىرى بىرلىكتە تەشكىللىگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىززەت-ئابرۇيلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان قىز-ئاياللارنىڭ پەريادىنى دۇنياغا بىلدۈرۈش، خەلقئارا جەمئىيەتنى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلىش مەقسەت قىلىندى.

ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن يۈرۈش پائالىيىتىگە ئۇيغۇر ۋە تۈرك خانىم-قىزلاردىن بولۇپ ئىككى مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشتى. زور كۆلەملىك يۈرۈش 8 - مارت كەچتە شام نامىزىدىن كېيىن فاتىھ جامەسىدىن يولغا چىقىش بىلەن باشلاندى. كۆك ياغلىق، كۆك شارپا ئارتىۋالغان نامايىشچىلار قوللىرىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى، «شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللار چېكىۋاتقان زۇلۇمغا توختا دېگىن» دەپ يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆتۈرگەن ھالدا خىتايغا قارشى تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلاپ، فاتىھ ئاسمىنىنى زىلزىلىگە سالدى. يۈرۈش ساراچخانا باغچىسى ئالدىدا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، نامايىشچىلار شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، يانفون چىراغلىرىنى يورۇتۇپ بىر نەچچە مىنۇت شوئار توۋلىدى ۋە بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراۋاتقان قىز-ئاياللارنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن خىتايغا قارشى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم بايانات ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ باياناتىدا 8 - مارت دۇنيا ئاياللار كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللارغا ئىجرا قىلىۋاتقان ۋەھشىيانە جىنايەتلەرگە قارشى بۇ يەرگە جەم بولغانلىقىنى، خىتاينىڭ تۈرلۈك جىنايەتلىرىنىڭ دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئۇ باياناتىدا خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللارغا قاراتقان خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، جازا لاگېرلىرىدا كوللېكتىپ ئاياغ-ئاستى قىلىش، تۇغماس قىلىۋېتىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش، ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» سىياسىتى ئارقىلىق ئائىلىسىدە نازارەت قىلىش،

مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، سۈرگۈن قىلىش، ئائىلىلەرنى پارچىلاپ، پەرزەنتلىرىدىن ئايرىش، مىللىي، دىنىي كىملىكىنى چەكلەش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ ئۆتتى.

مۇنەۋۋەر خانىم باياناتىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن دۇنيا رەھبەرلىرىنى، بىدەت باشلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشكە چاقىردى. شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىنىمۇ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى بۈرچىنى ئادا قىلىشقا، خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە، ھەتتا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزۈشكە چاقىردى.

يېڭىدىن رەفاھ پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇل شۆبىسى رەئىسى سەتەنئاي كانار خانىم سۆز قىلىپ: «شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ زۇلمىدا قالغان قىز-ئاياللار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز. بىز ئۇلار ئۈچۈن مۇجادىلە قىلىشىمىز كېرەك. قىز-ئاياللار ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت قىممەتلىكتۇر» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن ھۆر دەۋا پارتىيەسىدىن مەريەم كىراز خانىم سۆز قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر تەن ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللارنىڭمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى، ئەمما دۇنيا خەلقىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملىرىنى كۆرمەس بولۇۋالغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن ھىجاب سەپەرۋەرلىك مۇنبىرىنىڭ ئىستانبۇل ۋەكىلى مۇرۋەت جەنگىز خانىم خەلقئارانىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللارغا ئىجرا قىلىۋاتقان دىنىي چەكلىمە ۋە ھەرخىل زۇلۇملىرىغا سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئىگە بولۇش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى تەكىتلىدى.

خىتايغا قارشى مەزكۇر يۈرۈش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش پائالىيىتى تۈركىيەنىڭ كونيادىكى ئى ھا ھا كونيا شۆبە يىغىن زالى، ئەنقەرەدىكى ھاجى بايرام ۋەلى جامەسى ئالدى، ئادانا ئۇلۇغ جامەسى ئالدى، كاستامونۇدىكى نەسرۇللاھ مەيدانى، قارابۈكتىكى بازار ئۆرنى جامەسى مەيدانى، قەھرىمانماراش، قىرىقلارئەلى، بارتىن، ترابزون، ئادىيامان، ئافيون، ئانتاليا، ئەرزۇرۇم، كوجائەلى، ساكاريا، سامسۇن، بۇرسا، چاناققەلئە، چورۇم، ئاماسيا، ئايدىن، بالىكەسىر، باندىرما، چورۇم، دېنىزلى، دىيارباكىر، دۈزجە، ئەدىرنە، ئەرزىنجان، ماردىن، ئىزمىر، يالوۋا... قاتارلىق 60 نەچچە ۋىلايەت-شەھەردە ئوخشاش كۈندە ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇندىن باشقا 8 - مارت دۇنيا ئاياللار كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ۋە تۈركلەر ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا خىتايغا قارشى نامايىش ۋە بايانات ئېلان قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. قوللىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تاختاي ۋە پىلاكاتلارنى كۆتۈرگەن يۈزلىگەن نامايىشچىلار خىتايغا قارشى تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلىدى. ئارقىدىن بايانات ئېلان قىلىنىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى، جۈملىدىن قىز-ئاياللارنىڭ بارلىق ھەق-ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش جىنايەتلىرى بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. شۇنداقلا زۇلۇم ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن بەش مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇلدى.

8 - مارتتا يەنە ھەۋۋا تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى (ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى) قاتارلىق بىر نەچچە تەشكىلاتنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن، ئىستانبۇلدىكى گۈنەن مېھمانخانىسىدا «ھېكايەم» تېمىسىدىكى ئاخبارات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىلىشتا ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدىكى قىز-ئاياللار دۇچ كەلگەن زۇلۇم ۋە دەپسەندىچىلىكلەر تونۇشتۇرۇلدى.

ماردىن ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى ماھىرە مۇئمىن شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللار دۇچ كېلىۋاتقان، جازا لاگېرىغا قاماش، دىنىي، مىللىي كىملىكىنى يوقىتىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، ئاياغ-ئاستى قىلىش، پەرزەنتلىرىدىن ئايرىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە ئىسلام دۇنياسىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىشقا، ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇخەبەر رەجەپ



# ب د ت ھەيئىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىش ۋاقتى بېكىتىلدى

**ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ئالىي ئەمەلدارى خىتاينىڭ رۇخسىتى بىلەن بۇ يىل 5 - ئايدا شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم جايلارنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ب د ت نىڭ ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت خىتاي بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم جايلارنى تەكشۈرۈشكە كېلىشكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. مىشېل باچېلېت ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى قولغا ئېلىش ۋە تۇتقۇن قىلىش ئەھۋاللىرىنى خىتايغا بىلدۈرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ خىتايدىكى تەكشۈرۈش سەپىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

شۇنداقتىمۇ مىشېل باچېلېت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى سىنلىق سۆزىدە، خەلقئارا جەمئىيەت ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈۋاتقان خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتى ھەققىدە تەييارلانغان دوكلاتنى تىلغا ئالمىغان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسى تەخمىنەن ئۈچ يىل ئىلگىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى ھەققىدە ئىسپات توپلاشقا باشلىغان بولۇپ، بۇلتۇر 12 - ئايدا مىشېل باچېلېتنىڭ باياناتچىسى مەزكۇر دوكلاتنى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە ئېلان قىلىشقا ۋەدە بەرگەن.

مىشېل باچېلېت يەنە ئىشخانا خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپىنىڭ 4 - ئايدا خىتايغا قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى ۋە ئالدىن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ 2005 - يىلىدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشى ھېسابلىنىدىكەن.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى تىراس ۋە تۈركىيەنىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سەدات ئۆنال ئالدىنقى ھەپتە كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە سۆز قىلغاندا، بىردەك شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى مەسىلىسىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. بلىنكېن يەنە باچېلېتتىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى كېچىكتۈرمەسلىكىنى تەلەپ قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 195 كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 8 - مارت ئوچۇق مەكتۇپ ئېلان قىلىپ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىدىن مەزكۇر دوكلاتنى كېچىكتۈرمەستىن دەرھال ئېلان قىلىشقا ۋەدە بېرىشنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ئەزا دۆلەتلىرى ۋە كۆزەتكۈچىلەرگە دوكلاتنىڭ مەزمۇنىدىن دەرھال خەۋەردار قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى كېنېس روس ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كۈتۈۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتنى ئېلان قىلماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى، دوكلاتنىڭ كېچىكتۈرۈلمەي ئېلان قىلىنىشىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، بىر دۆلەتنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى خەلقئارا قانۇندىن ئۈستۈن قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.



# ئۇيغۇر ئۆسمۈرنىڭ 21-ئەسىردىمۇ قوشقا قېتىلىشى دىققەت قوزغىدى

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا تارقالغان بىر قىسقا سىندا ئۇيغۇر ئۆسمۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر توپ ئۇيغۇرنىڭ قوشقا قېتىلىپ، يەر تۈزلەشكە مەجبۇرلانغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا تارقالغان مەزكۇر 15 سېكۇنتلۇق سىندا كۆرسىتىلىشىچە، بىر توپ ئۇيغۇر دېھقان سۆرەم بىلەن يەر تۈزلەشكە مەجبۇرلانغان بولۇپ، ئالتە كىشى سۆرەمنى سۆرىگەن، ئىككى كىشى سۆرەمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئېغىرلىقنى تەڭشىگەن. مەزكۇر سىندا قوشقا قېتىلغانلاردىن بىرىنىڭ ئون نەچچە ياش چامىسىدىكى بىر ئۆسمۈر بولۇشى ھەممىدىن دىققەت تارتىدىغان ۋە كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان بولۇپ، خىتاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان سىياسىتىدىن قورامىغا يەتمىگەن باللارنىڭمۇ چەتتە قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ كۆرۈنۈشلەر بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قۇللاردەك مۇئامىلە قىلىپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق كەمسىتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقئارادا تەنقىد قىلىنىۋاتقان، خىتاي ئىرقچىل ئىنكار قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

كۆزەتكۈچىلەر بۇ سىننىڭ خىتاي رېجىمى خەلقئارادا تەشۋىق قىلىۋاتقان «ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئەركىن-ئازادە، باياشات ياشاۋاتىدۇ، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش زامانىۋىلاشقان» دېگەن سەپسەتىلىرىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، خىتاينىڭ ئىرقچىل ھالدا يالغان مەيدان، يالغان كۆرۈنۈشلەرنى ياساپ چىقىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال دەپ ئايرىماستىن ئادەم كۈچى بىلەن بوز يەر ئېچىش، ئۆستەڭ چېپىش دېگەندەك ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە مەجبۇرلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىكى رەزىل مەقسىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن خورلاش، تېخىمۇ قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# خەلقئارالىق فوند ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قارارى سەۋەبلىك خىتاينىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى

خىتاي رېجىمى نورۋېگىيە ئىگىلىك ھوقۇق بايلىق فوندىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق خىتاي شىركىتىنى مەبلەغ سېلىش دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلاش قارارىدىن كېيىن، بۇنىڭ نورۋېگىيەگە زىيان سالىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي 9 - مارت ئىگىلىك ھوقۇق بايلىق فوندىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق خىتاي شىركىتىنى مەبلەغ سېلىش دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلاش قارارىغا قارشى تەھدىت سالغان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى جاۋ لىجيەن قەرەللىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىنىڭ خىتايغا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن ئويدۇرۇلغانلىقى، ھېچقانداق پاكىت ئاساسى يوقلۇقى ھەققىدە قايتا بىلجىرلىغان .

نورۋېگىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق بايلىق فوندى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ فوند تەشكىلاتى بولۇپ، 2021 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بازار قىممىتى 1 مىليارد 381 مىليون دوللارغا يەتكەن. مەزكۇر تەشكىلات 7 - مارت فوند ئەخلاق كومىتېتىنىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسەن، خىتاينىڭ تەنھەرىكەت كىيىم-كېچەكلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى شىركىتى لىنىڭ گۇرۇھىنى مەبلەغ سېلىش دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ سەۋەبى لىنىڭ شىركىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ئېغىر دەخلى-تەرۇز قىلغان ۋە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ئىگىلىك ھوقۇق بايلىق فوندىدا لىنىڭ گۇرۇھىنىڭ %0.59 پېيى بار بولۇپ، قىممىتى تەخمىنەن 170 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن. نۆۋەتتە لىنىڭ گۇرۇھىنىڭ مەبلىغى مەزكۇر فونددىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىلگەن.

نورۋېگىيە ئىگىلىك ھوقۇق بايلىق فوندىنىڭ باياناتىدا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش قىلمىشىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان ياكى سېتىۋېلىنغان توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، پاختا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا يېتەرلىك پاكىت بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، مۇتەخەسسىسلەر ۋە مۇستەقىل تەتقىقاتچىلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرى ھەققىدە ئىشەنچلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى توپلىغان بولۇپ، مەزكۇر دەلىل-ئىسپاتلارغا ئاساسەن ئامېرىكا، فىرانسىيە، كانادا قاتارلىق بىر تۈركۈم دۆلەتلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئېجرا قىلىۋاتقان بۇ سىستېمىلىق تېرررور سىياسىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتتى. ھالبۇكى، خىتاي ئىزچىل تۈردە بۇ جىنايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە.




بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت بۇ يىل 5 - ئايدا شەرقىي تۈركىستاننى تەكشۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينى باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەكشۈرۈشىگە ھېچقانداق چەكلىمە قويماسلىق ھەققىدە كاپالەت بېرىشكە چاقىردى.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 9 - مارت خىتاي رېجىمىنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە بارلىق جايلارنى ۋە شەخسلەرنى توسالغۇسىز، نازارەتسىز زىيارەت قىلالىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىرغان.

مىشېل باچېلېت 8-مارت ئۆز ئىشخانىسىنىڭ 5-ئايدا خىتاينى زىيارەت قىلىش ھەققىدە خىتاي رېجىمى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى، بۇ زىيارەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىمۇ تەكشۈرۈشنى پىلانلىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شېبا كىروكېر بۇ ھەقتە باياناتى ئېلان قىلىپ، باچېلېت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەركىن زىيارەت قىلىشىغا ھەرقانداق تەرىقىدە ئارىلىشىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ سىياسىي تەشۋىقاتىنى قوللىغانلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش قىلمىشىدىن تېنىۋېلىشقا ياردەم قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

كىروكېر يەنە باچېلېت ۋە ئۇنىڭ ھەيئىتىنىڭ بىر قېتىملىق ئىشەنچلىك زىيارەتتە بولۇشى ئۈچۈن، بۇ قېتىملىق زىيارەتنىڭ ۋەھشىيلىككە، خورلاشقا ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى، باچېلېتنىڭ چوقۇم شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە كوللېكتىپلار بىلەن ئايرىم ئۇچرىشالىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

> مىشېل باچېلېت بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى قولغا ئېلىش، تۇتقۇن قىلىش ئەھۋاللىرىنى خىتايغا بىلدۈرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ خىتايدىكى تەكشۈرۈش سەپىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىشخانا خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەتنىڭ 4 - ئايدا خىتايغا قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى ۋە ئالدىن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.



# تارقالغان سىنلار مەجبۇري ئەمگەك مەۋجۇت خىتاي ئۆلكىلىرىنى ئاشكارىلاپ بەردى

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلار شەرقىي تۈركىستان خەلقى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى بىر قىسىم جايلارنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ مەجبۇري ئەمگەك جىنايىتىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئالدىنقى كۈنلىرى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان بىر سىندا بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەر-ئاياللىنىڭ مەزكۇر شىركەتكە ئېلىپ كېلىنگەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئېكرانغا: «شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلار خاۋيۇتۇڭغا يېتىپ كەلدى. ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشۈش رەسمىيەتلىرى بېجىرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئىگىلىشىمىزچە، مەزكۇر ئۇيغۇرلار تيەنجىن خاۋيۇتۇڭ ئەمگەك-مۇلازىمەت تارقىتىش شىركىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەجبۇري ئەمگەك ئورۇنلىرىغا يۆتكەلگەن.

باشقا يەنە بىر سىندا زاۋۇت سېخ مەيدانىدا يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر ئەر-ئايال يىغىلغان ۋە يوقلىما قىلىنىۋاتقان كۆرۈنۈش كۆرسىتىلگەن. ئۈچىنچى قىسقا سىندا بولسا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش ئورنىدا ئۆچرەت بىلەن تاماق ساقلاۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ھەممىسىنىڭ قىز-ئايال بولۇشى ئالاھىدە دىققەت قوزغايدىكەن.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ يىل 15-فېۋرال شەرقىي تۈركىستاندا ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغان بولۇپ، ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدىكى خىزمەتلىرى خۇلاسىلەنگەن ۋە بۇ يىللىق پىلانلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەزكۇر پىلانغا ئاساسلانغاندا، خىتاي رېجىمى 2022 - يىلى ئاتالمىش «يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» باھانىسى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى مىليون 750 مىڭ كىشىنى باشقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىدىكەن. خىتاينىڭ بۇ جىنايەت پىلانلىرى «ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تەرتىپلىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، سىرتقا چىقىرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن پەردازلانغان. خىتاي دائىرىلىرى يەنە سۈرگۈن قىلىشنى ئەمگەك كۈچى بار ئائىلىلەرگە قەدەر ئومۇملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، بۇ سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئادەم كۈچى بايلىقى تارماقلىرى كارخانىلار بىلەن توختام تۈزگەن.

خىتاي رېجىمى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سىستېمىلىق ۋە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىپ، جازا لاگېرى ياكى تۈرمىلەرگە قامىغاندىن باشقا، سىرتىدا قالغان ئۇيغۇرلارنى ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. گەرچە خىتاي رېجىمى بۇ جىنايەتلىرىنى ئىزچىل ئىنكار قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، قاتمۇقات تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ تارقىلىۋاتقان چەكلىك سىنلار خىتاينىڭ كۆز بويامچىلىقلىرىنى پاش قىلماقتا.




رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشى خىتاي پۈتون كۈچى بىلەن يولغا قويۇۋاتقان «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىدىكى ياۋروپا تۆمۈر يول قاتنىشىنى ئۈزۈپ قويغان.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 15 - مارتتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈشىچە، رۇسىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، خىتاي رۇسىيە تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ۋە ئالدىنقى ھەپتە رۇسىيە-خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلىگەن بولسىمۇ، بۇ ئۇرۇشنىڭ خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىكەن.

ئۇكرائىنا شەرقىي ياۋروپا بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ كېسىشىش ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، خىتاينىڭ ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك يولنىڭ بىر قىسمى ئۇكرائىنادىن ئۆتىدىكەن. ئۇكرائىنادا مۇھىم تاشيول ۋە تۆمۈر يول تورى بار بولۇپ، خىتاي ئۇنىڭغا تايىنىپ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن بولغان سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىكەن.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي 2019 - يىلى رۇسىيەدىن ئېشىپ، ئۇكرائىنانىڭ ئەڭ چوڭ سودا شېرىكىگە ئايلانغان. 2021 - يىلى خىتاينىڭ ئۇكرائىنا بىلەن بولغان ئومۇمىي سودا سوممىسى 18 مىليارد 980 مىليون دوللار بولۇپ، 2013 - يىلدىكى سودا مىقدارىغا سېلىشتۇرغاندا 80% كە يېقىن ئاشقان. 2021 - يىلى ئۇكرائىنانىڭ خىتايغا قىلغان ئېكسپورتى 8 مىليارد دوللار بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسلىقى تۆمۈر رۇدىسى، كۆممىقوناق ۋە ئاپتاپپەرەس يېغى ئاساس قىلىنغان. ئۇكرائىنا خىتايدىن ئاساسلىقى ماشىنا ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىمپورت قىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 10 مىليارد 970 مىليون دوللارغا يېتىدىكەن.

ئۇرۇشتىن ئىلگىرى خىتاي بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان پويىزلارنىڭ 2%ى ئۇكرائىنادىن ئۆتىدىغان بولۇپ، باشقا تۆمۈر يول قاتنىشى پولشا، رۇسىيە ۋە بېلارۇسىيەدىن ئۆتىدىكەن. رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشىغا ئەگىشىپ، غەرب يوللانما شىركەتلىرى ئاسىيا-ياۋروپا تۆمۈر يوللىرىنى ئىشلىتىشنى ئازايتقان ياكى تۆمۈر يول ئارقىلىق رۇسىيەگە بېرىپ-كېلىشنى ۋاقىتىنچە توختاتقان. نەتىجىدە بۇ رايوندا خىتاينىڭ تۆمۈر يول قاتنىشى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن.

بۇ سەۋەبلىك، رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئۇكرائىنا ئۇل ئەسلىھەلىرىگە سالغان مەبلىغى رۇسىيە تاشلىغان بومبىلار بىلەن ۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. ئۇندىن باشقا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى قوللاش خىتاينىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزگەن.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇخەبەر رەجەپ



# تارىم نېفىتلىكىدىن بۇلانغان تەبىئىي گاز 300 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشتى

خىتاي ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» نامىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى تارىم نېفىتلىكىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان تەبىئىي گاز نۆۋەتتە 300 مىليارد كۇب مېتىردىن ئېشىپ كەتكەن.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يىل 14 - مارتقىچە خىتاي ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» نامىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىم نېفىتلىكىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان تەبىئىي گاز 300 مىليارد كۇب مېتىردىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئوتتۇرا، شەرقىي قىسىملىرىدىكى ئۆلكىلەرگە توشۇلغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىن توشۇپ كېتىلگەن تەبىئىي گاز بېيجىڭ شەھىرىنىڭ 30 يىللىق گاز ئىشلىتىش مىقدارىغا، خىتاينىڭ بۇلتۇرقى تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 1.5 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىكەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىم نېفىتلىكىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان تەبىئىي گاز 18 يىلدىن بېرى خىتاينىڭ ئوتتۇرا، شەرقىي قىسمىدىكى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 120 نەچچە شەھەرگە توشۇلغان.

مۆلچەرلىنىشىچە، 300 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گازنى سۈندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 426 مىليون توننا كاربون IV ئوكسىدنى ئاز قويۇپ بەرگەنگە، 400 مىليون توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرنىڭ ئورنىنى ئالغانغا باراۋەر ئىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئېيىدىلا تارىم نېفىتلىكىدىن 11 تەبىئىي گاز قۇدۇقى قازغان بولۇپ، يېڭىدىن يەنە 800 مىليون كۇب مېتىر گازنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا باشلىغان.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي دائىرىلىرى 1998 - يىلى 9 - ئايدا تۇنجى قېتىم تارىم نېفىتلىكىدىكى غايەت زور تەبىئىي گاز زاپىسىنى تەكشۈرۈپ بايقىغان بولۇپ، تۇنجى قېتىم «قارا - 2» نومۇرلۇق قۇدۇقنى قازغان. 2004 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاتالمىش «غەربنىڭ تەبىئىي گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» نامىدىكى تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى تاماملانغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي گاز بايلىقى زور كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ، خىتايغا توشۇلۇپ كەلمەكتە.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئارقىلىق يوقىتىش، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى تولۇق يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن توختىماي ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى تېز سۈرئەت بىلەن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەسلى ئىگىلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بولسا بۇ بايلىقلاردىن ھېچقانداق مەنپەئەتلىنەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئىككى ئۇيغۇر خەتەر ئىچىدە تۇرماقتا

سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ھەمدۇللاھ ۋەلى داموللام بىلەن نۇرمۇھەممەت روزىنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بولۇپ، ھەمدۇللاھ ۋەلى داموللامنىڭ قىزى سۇمەييە ئايتۈرك بۇ ھەقتە خەلقئاراغا مۇراجىئەت قىلدى.

ياردەم چاقىرىقىدا مۇنۇلار تىلغا ئېلىندى: «18-مارت ئەتىگەن دادام ھەمدۇللاھ ۋەلى بىلەن نۇرمۇھەممەت روزى ئاكىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىدىن پايتەخت رىيادقا يۆتكەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق. دادام بىلەن نۇرمۇھەممەت روزى ئاكىنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇشى بىردەمچىلىك ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. نۆۋەتتە بىز قورقۇنچلۇق خەتەر ئاستىدا قالدۇق. شۇڭا تۈركىيە ۋە خەلقئارادىكى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈم مەيدانىغا ئىتتىرىلىشىگە قاراپ تۇرماسلىقىنى، ئىككى ئاجىز قىزنىڭ دادىسىز يېتىم بولۇپ قېلىشىنى كۆرمەس بولۇۋالماسلىقىنى، بۇ مەسىلىدە بىزگە جىددىي ياردەم قىلىشىنى سورايمىز».

ھەمدۇللاھ ۋەلى 2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغان بولۇپ، كېيىن خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك يول تاقىلىپ قالغاچقا، تۈركىيەگە قايتىپ كېلەلمىگەن. سەئۇدى ئەرەبىستان ساقچىلىرى 2020 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20-كۈنى ھەمدۇللاھ ۋەلى بىلەن نۇرمۇھەممەت روزىنى تۇرۇۋاتقان ئۆيىدىن تۇتۇپ كەتكەن. شۇندىن بۇيان سەئۇدى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى بىگۇناھ تۇتۇپ تۇرماقتا. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە تۈركىيەنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقامىتى بار ئىكەن.

ئۇندىن باشقا بۇلتۇر 19 - ئىيۇل خىتاينىڭ تەلىپى بىلەن ماراكەش دائىرىلىرى تەرىپىدىن كاسابلانكا ئايرودۇرومىدا تۇتۇپ قېلىنغان ئىدرىس ھەسەن ھازىرمۇ ماراكەشتە تۇتۇپ تۇرۇلماقتا. ماراكەش سوت مەھكىمىسى بۇلتۇر 15 - دېكابىر ئىدرىس ھەسەن ھەققىدە ئاخىرقى قارارنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغانىدى. گەرچە بۇ قارار ھازىرغىچە ئىجرا قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىدرىس ھەسەن يەنىلا خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىدە تۇرماقتا.





# ئاۋسترالىيەدە «ئۇيغۇرلار ئۇچۇن دەس تۇر» تېمىسىدا زور نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

ئاۋسترالىيەنىڭ بىر قانچە شەھەرلىرىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن ئاۋسترالىيەدىكى ئىسلامىي تەشكىلاتلار ھەمكارلىشىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان ۋەھشىيانە باستۇرۇشلىرى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى زور كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى.

نامايىش 20 - مارت «ئۇيغۇرلار ئۇچۇن دەس تۇر» تېمىسىدا ئاۋسترالىيەنىڭ ئادېلەيد، مېلبورن، سىدنېي، بىرىزبېن، ۋىكتورىيە قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئاۋسترالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، سىدنېي ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ۋىكتورىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، بىرىزبېن شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى قاتارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن ئاۋسترالىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقىدا تەشكىللەندى. نامايىش خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۇرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قاماش، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي، مىللىي كىملىكىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش قاتارلىق جىنايەتلىرىگە قارشى ئۆتكۈزۈلدى.

سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش سىدنېي ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن شۇ يەردىكى مۇسۇلمان تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نامايىشقا 600دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

ئادېلەيد شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش مەزكۇر شەھەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئاۋسترالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى بىلەن جەنۇبىي ئاۋسترالىيە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نامايىشقا ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلاردىن تەشكىللەنگەن 300 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى.

بەش شەھەردە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشلاردا نامايىشچىلار «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قويۇلغان چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن»، «شەرقىي تۈركىستانغا ئەركىنلىك»، «ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك»، «خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختات» دېگەندەك شوئارلار يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى شوئارلارنى توۋلىدى ۋە باياناتلار ئېلان قىلدى.

مەزكۇر «ئۇيغۇرلار ئۇچۇن دەس تۇر» ناملىق نامايىش بۇندىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى كۈنىنى خاتىرىلەۋاتقان بىر پەيتتە، ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمان تەشكىلاتلار بىرلىكى 2021 - يىلى 13 - نويابىر ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى بىلەن مانچېستېردىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا 5000 كىشىلىك نامايىش ئۆتكۈزگەنىدى. مەزكۇر بىرلىك 50 دىن ئارتۇق تەشكىلاتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار «ئۇيغۇرلار ئۇچۇن دەس تۇر» شوئارى بىلەن كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئەيىبلىگەنىدى.

نامايىشتا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە قۇلاق يوپۇرۇۋالغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىتىش مەقسەت قىلىنغان ھەمدە زور تەسىر قوزغىغانىدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى

ئاخبارات باياناتى

ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى 48 ـ نۆۋەتلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى ھەققىدە

22 ـ مارت پاكىستان پايتەختى ئىسلامئابادتا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 48 ـ نۆۋەتلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىندا ئىسلامفوبىيا، ئافغانىستان، كەشمىر ۋە پەلەستىن مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنماقچى. ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلىرىنى بەرپا قىلغان مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق كۈچىيىشى، پەلەستىننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەزلۇم مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى قاتارلىق نىشانلارنى كۆزلىگەن ئاساستا قۇرۇلغان بىر تەشكىلاتتۇر. مەزكۇر

# تەشكىلاتلار بىرلىكى ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى تاشقى ئىشلار يىغىنى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى 22 - مارت پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلامئابادتا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 48 - نۆۋەتلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى. باياناتتا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى كۆز بويامچىلىق قىلمىشلىرىغا ئالدانماسلىققا ۋە يىغىندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىمۇ مۇھىم تېما سۈپىتىدە مۇزاكىرە قىلىشقا چاقىردى. مەزكۇر چاقىرىق ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا سۇنۇلدى.

مەزكۇر يىغىندا ئىسلام ئۆچمەنلىكى، ئافغانىستان، كەشمىر ۋە پەلەستىن مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بۇنداق مۇھىم يىغىنغا خىتاينىڭ تەكلىپ قىلىنىشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ۋە ئەزا مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە پاسسىپ بولۇشى ۋە سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىشى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلىپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋە ۋەھشىيلەرچە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقان خىتاينىڭ بۈگۈنكى كۈندە مەزكۇر تەشكىلاتقا كۆزەتكۈچى ئەزا بولۇپ قوبۇل قىلىنىشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك ئىسلام ھەمكارلىق يىغىنىغا سۆز قىلغۇچى سۈپىتىدە



قاتنىششى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇش نىشانى، شوئارى ۋە مەجبۇرىيىتى نۇقتىسىدىن زور خاتالىق ۋە ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا بۇنىڭ ئىنتايىن چوڭ خاتالىق بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بايانات ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر باياناتتا مۇنۇلار بىلدۈرۈلدى: «بۈگۈن پاكىستانغا چىگراداش شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىلماقتا. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان مەسچىتلەر ۋەيران قىلىندى، قۇرئان ۋە دىنىي كىتابلار كۆيدۈرۈلدى، ئۆلىمالار تۇتقۇن قىلىندى ياكى ئۆلتۈرۈلدى، دىنىي ئىبادەتلەر چەكلەندى ۋە جىنايەت دەپ بېكىتىلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس جازا لاگېرلىرى تەسىس قىلىنىپ، دىنسىزلاشتۇرۇش ۋە مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتى ئىجرا قىلىندى. مەجبۇرىي ئەمگەك، مال-مۈلۈكلەرنىڭ مۇسادىرە قىلىنىشى، ئاياللارنىڭ ئاياغ-ئاستى قىلىنىشى، بالىلارنىڭ مەجبۇرىي ھالدا مىللىي كىملىك ۋە دىنىي ئېتىقادتىن خالىي تەربىيەلىنىشى، ھەج قىلىش، مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ چەكلىنىشى قاتارلىق ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرى ۋە ئىسلام دۈشمەنلىكى شەرقىي تۈركىستاندا كۈنسېرى كۈچەيمەكتە. بۇ جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىشغالىيەتچى خىتاي تەرىپىدىن بىۋاسىتە پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ئىجرا قىلىنماقتا.

مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئىسلام دۇنياسىنىڭ، جۈملىدىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئورگىنى ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە دادىل قەدەم ئالماسلىقى، ئەكسىچە خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئالاھىدە يىغىنلارغا تەكلىپ قىلىنىشى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر خاتا پوزىتسىيە ھېسابلىنىدۇ. غەرب دۆلەتلىرى ئىنسان ھەقلىرى نۇقتىسىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئەيىبلەۋاتقان بىر پەيتتە، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ پاسسىپلىقى ۋە سۈكۈت قىلىشى ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئۆز جىنايەتلىرىنى ئاقلىشىغا ۋە تېخىمۇ يۈرەكلىك ھالدا داۋاملاشتۇرۇشىغا پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەكتە».

باياناتتا يەنە: «خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە نوپۇزىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىش بىلەن بىرگە، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى بۇ قېتىملىق يىغىندا ئىسلامئابادقا ئانچە يىراق بولمىغان شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىش مەسىلىسىنىمۇ جىددىي مۇزاكىرە قىلىشقا، شەرقىي تۈركىستانغا كۆزەتكۈچى ئەۋەتىشكە، خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى ساختىپەز تاشقى سىياسەتلىرىگە ئالدانماسلىققا ۋە ئۇنۇملۇك قارارلارنى چىقىرىشقا چاقىرىمىز» دەپ تەكىتلەندى.





# مەۋلۇت چاۋۇشئوغلى
# ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى

ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 22-مارت ئىسلامئابادتا ئۆتكۈزۈلگەن «داۋاملىشىۋاتقان ئىسلام ئۆچمەنلىكى، ئافغانىستان، كەشمىر ۋە پەلەستىن مەسىلىسى» ھەققىدىكى 48-نۆۋەتلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىغا ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ كۆزەتكۈچى ئەزا سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىنغانلىقى ئەيىبلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، تۈركىيەگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۈت چاۋۇشئوغلى بارلىق ئەزا دۆلەتلەرگە قىلغان خىتابىدا مۇھىم سۆز قىلدى.


ئۇ سۆزىدە: «قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، تۈركچىدە «دوست يىغلىتىپ ئېيتار» دەيدىغان بىر بىر سۆز بار، بۈگۈن دوستلار مەجلىسىدە تۇرۇپتىمىز، ئۆزىمىزدىكى مەسىلىلەرنى دادىل تىلغا ئېلىپ، ئالدى بىلەن ئۆز ئۆيىمىزنى قانداق ئوڭشايمىز، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك. دۇنيا ئىنتايىن قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە، ياۋروپادىكى ئۇرۇش ھەممەيلەنگە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ، مەنپەئەتلەر ئىنسانىي قىممەت قاراشلارنىڭ ئالدىغا ئۆتكەن، ئەخلاقىي قىممەت قاراشلار ئاجىزلاشتۇرۇلۇشقا ئۇرۇنۇلۇۋاتقان بىر مەزگىلدە تۇرماقتىمىز» دېگەنلەرنى بىلدۈرۈپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى ۋە: «كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئۇرۇش، تېررور، ئەلەم ۋە قەتلىئاملار بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى، ئىشغال ئاستىدىكى قۇددۇستا ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قېلىپ كەلگەن مۈلۈكلەر مۇسادىرە قىلىنماقتا، غەربىي تىراكيادا يەتتە ئەسىردىن بۇيان، سىپرۇستا بەش ئەسىردىن بۇيان ئىسلامنى جانلىق تۇتۇپ كېلىۋاتقان مۇسۇلمان تۈركلەر 21-ئەسىردە ئەقەللىي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم ھالدا تۇرماقتا. كەشمىردىكى



قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنماقتا، ياۋروپادا ئىسلام ئۆچمەنلىكى كۈچەيمەكتە، خىتايدا ئۇيغۇر تۈركلىرى ۋە باشقا مۇسۇلمانلار دىنىي كىملىكلىرىنى ۋە مىللىي مەدەنىيەتلەرنى قوغداپ قېلىشتا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىماقتا، ئەڭ كۆپ مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىن بىرى بولغان ھىندىستاندا ياغلىق چىگىش ھوقۇقى رەت قىلىنماقتا، روھىنگا مۇسۇلمانلىرى بولسا دۇنيانىڭ نەزىرىگىمۇ ئېلىنمايدىغان ھالدا تۇرماقتا، لىۋىيە، سۇرىيە، يەمەندە قېرىنداشلارنىڭ قانلىرى ئاقماقتا» دېگەنلەرنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

ئۇ سۆزىدە يەنە: «ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەھۋالىنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باشقا دۆلەتلەرنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك» دەپ تەكىتلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مۇسۇلمانلار بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ، بەدەندىكى بىر ئەزا كېسەل بولسا، باشقا ئەزالارمۇ بىئارام بولىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى تىلغا ئالدى ۋە: «ئىسلام دۇنياسى سارايېۋودىن ئۈرۈمچىگە، باھچەسارايدىن سەنئاغىچە، مالىدىن موروغىچە خىلمۇخىل دەردلەر ئىچىدە تۇرماقتا. ئۇنداقتا قالغان دۆلەتلەر مۇسۇلمانلار بۇ ئەھۋاللارغا قۇلاق سېلىۋاتامدۇق؟ جامۇ كەشمىرنىڭ سالاھىيىتىنى ۋە نوپۇس قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە كۆز يۇمۇش توغرىمۇ؟ ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرمەسكە سېلىش توغرىمۇ؟» دەپ سوئال قويىدى. ئاخىرىدا ئۇ: «مۇسۇلمان دۆلەتلەرنى مەزكۇر دۆلەتلەر بىلەن جېدەللەشسۇن دېمىدۇق، دەل ئەكسىچە ئىسلام دۆلەتلىرى مەزكۇر دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشلىتەيلى دەۋاتىمىز» دەپ سۆزلىرىنى ئاخىرلاشتۇردى.




ئىستىقلال
ISTIQLAL
TV
ISTIQLAL MEDIA
CONCENTRATION
CAMPS
BOYCOTT

# مەنبەلەر

https://istiqlalhaber.com/page/news/4216
https://istiqlalhaber.com/page/news/4214
https://istiqlalhaber.com/page/news/4335
https://istiqlalhaber.com/page/news/4220
http://istiqlalhaber.com/page/news/4242
http://istiqlalhaber.com/page/news/4250
https://istiqlalhaber.com/page/news/4251
http://istiqlalhaber.com/page/news/4277
http://istiqlalhaber.com/page/news/4283

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رەدۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |

**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**www.istiqlalmedia.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**